# پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋرىدە بىر كىشى ئايالىنى «زىنا قىلدى» دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئۇ ئايالدىن بولغان بالىغا تاندى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ئىككەيلەننى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغاندەك بىر-بىرىگە لەنەت قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇلار لەنەت قىلىشقاندىن كېيىن بالىنى ئانىسىغا بۇيرۇپ، لەنەت قىلىشقان ئىككەيلەننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋرىدە بىر كىشى ئايالىنى «زىنا قىلدى» دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئۇ ئايال تۇققان بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىگە تاندى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ئىككەيلەننى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغاندەك بىر-بىرىگە لەنەت قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇلار لەنەت قىلىشقاندىن كېيىن بالىنى ئانىسىغا بۇيرۇپ، لەنەت قىلىشقان ئىككەيلەننىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتتى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ: بىر ئادەم ئايالىنى «زىنا قىلدى» دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئۇ ئايالدىن تۇغۇلغان بالىدىن تېنىپ، ئادا-جۇدا بولدى، ئايالى بۇنى قوبۇل قىلماي، ئېرىنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقاردى، ئۇلار ئۆز-ئارا لەنەت قىلىشتى، ئالدى بىلەن ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئەيىپلىشىدە راسچىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بۇ سۆزىگە تۆت قېتىم ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىپ، بەشىنچى قېتىمدا ئۆزىگە لەنەت قىلدى، ئاندىن ئايالى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە تۆت قېتىم ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىپ، بەشىنچى قېتىمدا ئۆزىگە ئاللاھنىڭ غەزىپىنى تىلەپ دۇئا قىلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لەنەت ئېيتىش تۈگىگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىنى مەڭگۈلۈك ئايرىۋەتتى، بالىنى ئايالغا تەۋە، ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىپ، ئەردىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولمايدىغان قىلىپ ھۆكۈم قىلدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6024